## 195292 ـ تاھارىتى بار ھالەتتە پايپاقنى ئالماشتۇرۇپ، ئۈنىڭغا مەسھى قىلىپ ئاندىن ناماز ئوقۇغان بولسا نامىزى توغرا بولامدۇ؟

---

### سۇئال

تاھارەت ئېلىپ پايپاقنى كىيىپ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدۇم، ئاندىن بامدات نامىزىغا ئويغۇنۇپ تاھارەت ئېلىپ يەنە پايپاققا مەسھى قىلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدۇم، ئاندىن تاھارىتىم سۇنماستا كەيگەن پايپاقنى يۇيۇش ئۈچۈن يەنە پايپاق ئالماشتۇردۇم، پىشىن ۋاقتى بولغاندا تاھارەت ئېلىپ يەنە كېيىن كەيگەن پايپاققا مەسھى قىلدىم، پايپاق ئالماشتۇرۇش ئارىسىدا تاھارىتىم سۇنمىغانتى، ئالغان تاھارىتىم توغرا بولۇپ ئوقۇغان پىشىن نامىزىم توغرا بولامدۇ ياكى تاھارىتىم توغرا بولماي ئوقۇغان نامىزىممۇ بىكار بولامدۇ؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئالللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئالىملارنىڭ توغرا بولغان كۆچلۈك قارشىدا تاھارەت ئېلىپ ئاياغ ياكى پايپاققا مەسھى قىلغان بولسا، ئاندىن ئاياغ ياكى پايپاقنى سېلىۋەتكەن بولسا بۇنىڭ بىلەن تاھارەت سۇنمايدۇ. چۈنكى شەرئى دەلىل ـ ئىسپات بويىچە، ئۇ كىشىنىڭ ئاياغ ياكى پايپاققا مەسھى قىلىش بىلەن ئالغان تاھارىتى كامىل بولۇپ، كىيىن پايپاقنى سېلىۋەتسىمۇ تاھارىتى بۇزۇلمايدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى ئىلگىرى 26343 ـ ۋە 100112 ـ نومۇرلۇقسوئالالارنىڭ جاۋابىدا بايان قىلغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تاھارىتى بىلەن تاھارىتى سۇنغانغا قەدەر پەرز ـ نەپلە نامازلاردىن قانچىلىك ئوقۇسا بولىدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن 14321 ـ نۇمۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئىككىنچى: بىر پەرزنى ئوقۇپ ئىككىنچى نامازنىڭ ۋاقتى كەلگەندە تاھارىتى سۇنمىغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ يەنە يېڭىدىن تاھارەت ئېلىشى كېرەك بولمايدۇ. ئەمما يېڭىدىن تاھارەت ئالغان بولسا ياخشى، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى تاھارىتى سۇنمىغان بولغاچقا، ئۇ كىشى تاھارەت بىلەن بولغان بولىدۇ.

سوئال سورىغۇچى قېرىندىشىمىزغا بېرىدىغان جاۋابىمىز: سىز دەسلەپتە كەيگەن پايپاقنى سېلىۋەتكەن بولسىڭىز، بۇنىڭ بىلەن تاھارىتىڭىز سۇنمايدۇ، ئۇ تاھارەت بىلەن تاھارىتىڭىز سۇنغانغا قەدەر پەرىز ـ نەپلە نامازلاردىن خالىغانچە ئوقۇيسىز، ئاندىن باشقا بىر پايپاق كەيگەن بولسىڭىز، تاھارەتنى يېڭىلاش ئۈچۈنتاھارەت ئېلىپ كىيىن كەيگەن پايپاقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىپ

پىشىن نامىزى ئوقۇغان بولسىڭىز، كېيىن كەيگەن پايپاقنى قىلغان مەسھى توغرا بولمايدۇ، ئەمما ئوقۇغان نامىزىڭىز توغرا بولىدۇ، چۈنكى سىزنىڭ دەسلەپتە ئالغان تاھارىتىڭىز سۇنمىغان، تاھارەت سۇنماستا يەنە يېڭىدىن تاھارەت ئېلىش بىلەن دەسلەپتىكى تاھارەت بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تاھارىتىڭىز سۇنۇپ كەتكەن بولسا سىز تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن پايپاقنى سېلىۋېتىپ مەسھى قىلىشتىن ئىلگىرى پۇتىڭىزنى يۇيۇپ ئاندىن پايپاقنى كەيسىڭىز بولىدۇ. ["ئەلمۇغنى" 1-توم85-بەت، "كەششاپۇل قەنناﺉ"1-توم 86-87-بەتلەر].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.